شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报

2021 - يىل 2 - ئاي
10
چارشەنبە
维吾尔文 2 月10日
25333 - سان
بۈگۈن 4 بەت

ئانار بۇلۇت تېرمىنالىنى
چۈشۈرۈپ قاچىلىۋېلىڭ

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى   مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن ئۇدا نەشر بۇيۇمى نومۇرى: CN 65–0002/–W   پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57   تىيانشان تورى: www.ts.cn

مەركەزدىكى رەھبىرىي يولداشلار پېشقەدەم يولداشلاردىن ھال سورىدى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 - ئاينىڭ 9 - كۈنى تېلېگراممىسى چاغاننىڭ ئالدىدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ قاتارلىق پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا جياڭ زېمىن، خۇ جىنتاۋ، جۇ رۇڭجى، لى رۇيخۇەن، ۋۇ باڭگو، ۋېن جىاباۋ، جيا چىڭلىن، جاڭ دېجياڭ، يۈ جېڭشېڭ، سۇڭ پىڭ، لى لەنچىڭ، زېڭ چىڭخۇڭ، ۋۇ گۈەنجېڭ، لى چاڭچۈن، لو گەن، خې گوچياڭ، ليۇ يۈنشەن، جاڭ گاۋلى ۋە تيەن جىيۈن، چى خاۋتيەن، جياڭ چۈنيۈن، ۋاڭ لېچۈەن، ۋاڭ جاۋگو، خۇي لياڭيۈ، ليۇ چى، ۋۇ يى، ساۋ گاڭچۈەن، زېڭ پېييەن، ۋاڭ گاڭ، ليۇ يەندۇڭ، لى يۈەنچاۋ، ما كەي، لى جيەنگو، فەن چاڭلۇڭ، مېڭ جيەنجۇ، گو جىنلۇڭ، ۋاڭ خەنبىن، خې يۇڭ، دۇ چىڭلىن، جاۋ خۇڭجۇ، ۋاڭ بىڭچيەن، زوۋ جياخۇا، پېڭ پېييۈن، جوۋ گۇاڭجاۋ، لى تيېيىڭ، خې لۇلى، شۇ جيالۇ، جياڭ جېڭخۇا، گۇ شيۇليەن، رېي دى، شېڭ خۇارېن، لۇ يۇڭشياڭ، ئۇيۇنچىمۇگې، خۇا جيەنمىن، چېن جىلى، جوۋ تيېنۇڭ، ئىسمائىل تىلىۋالدى،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

شى جىنپىڭ جۇڭگو — ئوتتۇرا، شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى رەھبەرلىرى باشلىقلار يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم ئاساسىي مەقسەت سۆزى قىلدى

قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەپ، ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ كېيىنكىلەرگە يول ئېچىپ، قول تۇتۇشۇپ ھەمكارلىقنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ئورتاق پۈتەيلى

中国—中东欧国家领导人峰会
China-CEEC Summit 2021
中 国
People's Republic of China

2 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ بېيجىڭدا سىن شەكلىدە جۇڭگو — ئوتتۇرا، شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى رەھبەرلىرى باشلىقلار يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم «قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەپ، ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ كېيىنكىلەرگە يول ئېچىپ، قول تۇتۇشۇپ ھەمكارلىقنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ئورتاق پۈتەيلى» دېگەن تېمىدا ئاساسىي مەقسەت سۆزى قىلدى.
☐ **شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى لى تاۋ فوتوسى**



2 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ بېيجىڭدا سىن شەكلىدە جۇڭگو — ئوتتۇرا، شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى رەھبەرلىرى باشلىقلار يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم «قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەپ، ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ كېيىنكىلەرگە يول ئېچىپ، قول تۇتۇشۇپ ھەمكارلىقنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ئورتاق پۈتەيلى» دېگەن تېمىدا ئاساسىي مەقسەت سۆزى قىلدى.
☐ **شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى خۇاڭ جىڭۋېن فوتوسى**

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 - ئاينىڭ 9 - كۈنى تېلېگراممىسى دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 2 - ئاينىڭ 9 - كۈنى بېيجىڭدا سىن شەكلىدە جۇڭگو — ئوتتۇرا، شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى رەھبەرلىرى باشلىقلار يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى، بوسنىيە - گېرتسېگوۋىنا، چېخ، مونتېنېگرو، پولشا، سېربىيە، ئالبانىيە، كرودىيە، گرېتسىيە، ۋېنگرىيە، شىمالىي ماكېدونىيە، سلوۋاكىيە، بۇلغارىيە، سلوۋېنىيە، ئېستونىيە، لاتۋىيە، لىتۋا، رۇمىنىيە قاتارلىق ئوتتۇرا، شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى رەھبەرلىرى، ھۆكۈمەت باشلىقلىرى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ۋەكىللىرى يىغىنغا قاتناشتى. شى جىنپىڭ «قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەپ، ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ كېيىنكىلەرگە يول ئېچىپ، قول تۇتۇشۇپ ھەمكارلىقنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ئورتاق پۈتەيلى» دېگەن تېمىدا ئاساسىي مەقسەت سۆزى قىلدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو — ئوتتۇرا، شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى ھەمكارلىقىدا ئورتاق كېڭىشىش، ئورتاق قۇرۇش، ئەمەلىيەتچىل، تەڭپۇڭ بولۇش، ئوچۇق، سىغدۇرۇشچان بولۇش، يېڭىلىق يارىتىش، ئىلگىرىلەشتە چىڭ تۇرۇش كۆپ تەرەپچىللىكتىكى جانلىق ئەمەلىيەت، جۇڭگو - ياۋروپا مۇناسىۋىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. جۇڭگو ئوتتۇرا، شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى بىلەن دەۋر چوڭ يۈزلىنىشىگە ماسلىشىپ، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك ئورتاق تەرەققىيات ۋە ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئېلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، قول تۇتۇشۇپ ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۆرتكە بولۇشنى خالايدۇ.

شى جىنپىڭ سۆزىدە مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو — ئوتتۇرا، شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى ھەمكارلىقى توققۇز يىللىق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى. توققۇز يىلدىن بۇيان، جۇڭگو — ئوتتۇرا، شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ ھەمكارلىقى ۋاقىت ۋە خەلقئارا ۋەزىيەتتىكى مۇرەككەپ ئۆزگىرىشلەرنىڭ سىنىقىنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئۆز ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ھەم ھەرقايسى تەرەپلەر قوبۇل قىلىدىغان ھەمكارلىق پرىنسىپىنى شەكىللەندۈردى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئاپتونوم رايون 2021 - يىللىق چاغانلىق كوللېكتىپ مۇبارەكلىشىش يىغىنى ئۆتكۈزدى

چېن چۈەنگو رىياسەتچىلىك قىلدى   ئىسمائىل تىلىۋالدى تەكلىپكە بىنائەن قاتناشتى

شۆھرەت زاكىر سۆز قىلدى   شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ قاتناشتى

2 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەت 2021 - يىللىق چاغانلىق كوللېكتىپ مۇبارەكلىشىش يىغىنى ئۆتكۈزدى. سۈرەتتە: كوللېكتىپ مۇبارەكلىشىش يىغىنى نەق مەيدانى.
☐ **ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى سۈي جىجيەن فوتوسى**

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلدۇ: 2 - ئاينىڭ 8 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەت 2021 - يىللىق چاغانلىق كوللېكتىپ مۇبارەكلىشىش يىغىنى ئۆتكۈزدى. چېن چۈەنگو، ئىسمائىل تىلىۋالدى، شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ قاتارلىقلار ھەر مىللەت، ھەر ساھە ۋەكىللىرى بىلەن بىللە خۇشال - خۇرام بىر يەرگە جەم بولۇپ، چاغاننى بىرلىكتە تەبرىكلەپ، كاتتا بايرامنى بىللە ئۆتكۈزدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو كوللېكتىپ مۇبارەكلىشىش يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى، خەلق قۇرۇلتىيى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، شىنجاڭ ھەربىي رايونى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنگە ۋاكالىتەن پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت خەلققە، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ كوماندىر - جەڭچىلىرى، قوراللىق ساقچى قىسىم ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرى، جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر - ساقچىلىرى، ئوت ئۆچۈرۈش، قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش قوشۇنىدىكى كوماندىر - جەڭچىلەر، بىڭتۈەندىكى كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

چېن چۈەنگو چاغاننىڭ ئالدىدا ئۈرۈمچىدە ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى يوقلىدى ۋە ئۇلاردىن ھال سورىدى

پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت خەلق ۋە بىڭتۈەندىكى كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ چاغىنىنى تەبرىكلىدى

2 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى پارتىيە كومىتېتىنىڭ 1 - شۇجىسى، 1 - جېڭۋېي چېن چۈەنگو ئۈرۈمچى شەھىرىگە كېلىپ، ھەر مىللەت ئامما ۋە بىرىنچى سەپتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى يوقلىدى ۋە ئۇلاردىن ھال سورىدى، بايرام مەزگىلىدىكى خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش قاتارلىق ئەھۋاللارنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. سۈرەتتە: چېن چۈەنگو شىنجاڭ خۇالىڭ گۇرۇھى ئىسسىقلىق ئېنېرگىيە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدە، بايرام مەزگىلىدىكى ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش كاپالىتى ۋە بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئىگىلىمەكتە.
☐ ئانار بۇلۇت\
شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى سۈي جىجيەن فوتوسى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلدۇ: جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى بايرىمى — دېھقانلار كالېندارى بويىچە كالا يىلىدىكى چاغان يېتىپ كېلىش پەيتىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى پارتىيە كومىتېتىنىڭ 1 - شۇجىسى، 1 - جېڭۋېي چېن چۈەنگو 2 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىگە كېلىپ، ھەر مىللەت ئامما ۋە بىرىنچى سەپتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى يوقلىدى ۋە ئۇلاردىن ھال سورىدى، بايرام مەزگىلىدە خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش قاتارلىق ئەھۋاللارنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت خەلق ۋە بىڭتۈەندىكى كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە چاغانلىق ئەڭ گۈزەل تىلەكلەرنى تىلىدى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتى 112 - قېتىملىق دائىمىي يىغىن ئاچتى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **يۈەن لىي** خەۋەر قىلدۇ: 2 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 112 - قېتىملىق

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

شىنجاڭ رادىيو - تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ 2021 - يىللىق چاغانلىق بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكى بۈگۈن كۆرسىتىلىدۇ

3 - بەتتە